UTFW2-071 - Amina Muhammadamin

1. مىنىڭ ئىسمىم ئامىنە مۇھەممەتئىمىن مەن خوتەن شەھىرى چىيا يېزىسى 4-كەنتى4-مەھەللە 169 - نومۇرلۇق ئائىلىدىن . مەن ئائىلەمدىن تۆرمىگە كىرىپ كەتكەن يولدىشىم ،ئانام ،ئىنىم ئۈچۈن گۇۋاھلىق بەرمەكچى.
2. مەن 2016-1- ئاينىڭ 29-كۈنىنى تۈركىيەگە كەلدىم . تۈركىيەگە تۆتىنچى بالام ( 3 ياش) يولدىشىم ،مەن( ھامىلەئىدىم ) كەلدۇق. تۈركىيەگە كېلىپ يولدىشىم مېنى يەرلەشتۈرۈپ قويۇپ قايتىپ كەتتى. مىنىڭ تۈركىيەگە چىقىش سەۋەبىم بولسا بەشىنچى بالامغا ھامىلە قالغانلىقىم. بالا تۇغۇش چەكلەنگەنلىكى ئۈچۈن ، بالامنى قوغداپ قىلىش ۋە مۇشۇ يەردە ياشاش مەقسىتىدە تۈركىيەگە چىقتۇق. ئائىلە بويىچە پاسپورتقا ئىلتىماس قىلغان بولساقمۇ يولدىشىمنىڭ، ئۈچ ياشلىق قىزىمنىڭ ۋە مىنىڭ پاسپورتوم چىقتى. قالغان باللىرىمنىڭ پاسپورتى چىقمىدى. ئۆيگە كېتىپ باللىرىمنىڭ پاسپورتىنى چىقىرىپ بىللە ئىلىپ كېلەي دەپ يولدىشىم قايتىپ كەتتى. تۇغىدىغان ۋاقتىمدا چىقىپ ھەپتە تۇرۇپ كىرىپ كەتتى. 8 _ئايدا بىر قېتىم چىقتى. باللىرىمنىڭ پاسپورتىنى چىقىرىپ بولالماپتىكەن . باللىرىمنى ئىلىپ چىقىمەن دەپ كىرىپ كېتىپ ئەڭ ئاخىرىقى 2017-يىلى 1-ئايدا تۇتۇلۇپ كەتكەنلىكىنىڭ خەۋىرىنى ئالدىم. ھېچقانداق گۇناھى يوق . پەقەت ئۇيغۇر بولغانلىقى ئۈچۈن ، تۈركىيەگە چىققان گۇناھى بار . بالامغا ۋە ماڭا خىراجەت ئۈچۈن پۇل سىلىپ بەرگەنلىكى سەۋەبى بىلەن گۇناھ يېزىلىپ 15 يىللىق قاماق جازاسى ئاپتۇ دەپ ئاڭلىدىم .
3. ئانام بولسا ( تۇردىنىسا مەتتۆمۈر) 2016 -يىلى تۈركىيەگە چىقىپ ئۈچ ئاي تۇرۇپ . ساياھەت قىلىپ كىرىپ كەتكەن. 60 ياش . ئانامنىمۇ ئون يىللىق كېسىپتۇ دەپ ئاڭلىدىم .
4. ئۇكام 2017 -يىلى 3-ئايدا داۋالانغىلى چىققان. ئۇكامنىڭ بىر قۇلى مېيىپتى . ئۇكامنى تۈركىيەدە داڭلىق بىر دوختۇر باركەن دەپ ئاڭلاپ . قۇلىنى داۋالىتىش ئۈچۈن چىققان تۈركىيەگە . تۈركىيەگە چىقىپ ئوپېراتسىيە قىلىپ . ئۈچ ئاي فىزىكىلىق داۋالاش ئۈچۈن ئىلىپ بېرىۋاتاتتى . داۋالىنىش قىلىۋاتقان مەزگىلىدە 3-ئاينىڭ 5-كۈنى دادامدىن تېلغۇن كەلدى. ئۇ ۋاقىتتا ئۇرۇق -تۇغقانلار بىلەن تامامەن ئالاقىمىز ئۈزۈلۈپ قالغان مەزگىل . كۆرۈشەلمەيدىغان ، بىزنى قاچىلىماي ، ئالاقىلىشالمايدىغان ۋاقتىمىزتى . 3 – ئاينىڭ 10 -كۈنىگىچە كېلىپ بولالمىساڭىز مېنى تۈرمىگە سولايدىكەن ، سىزنىڭ تۈركىيەدە بولغان سەۋەبىڭىز بىلەن مېنى تۈرمىگە تاشلايدىكەن ،3-ئاينىڭ 10-كۈنىگىچە كېلىپ بولۇڭ دېدى. ئۇكام داۋالىنىش تۈگمەي تۇرۇپ . مەن سەۋەبلىك دادامغا بىر ئىش بولۇپ قالمىسۇن دەپ كىرىپ كەتتى. كىرىپ كەتكەندىن كىيىن ھېچقانداق خەۋەر

ئالالمىدىم. 2018-يىلى بىر دوستۇم بىلەن كۆرۈشتۈم. شۇ ئارقىلىق ئۇكامنىڭ تەربىيەلەشكە ئېلىپ كېتىپ ئىز دېرىكى بولمىغانلىقى ، يولدىشىمنىڭ 15 يىل كېسىلىپ كەتكەنلىكى ، ۋە ئانامنىڭ 10 يىللىق كېسىلگەن خەۋىرىنى ئالدىم. ئىنىمنىڭ ھېچقانداق ئىز دېرىكى يوق ،ئانامنىڭ ھېچقانداق ئىز دېرىكى يوق ، ھېچقانداق كۆرۈشەلمەي ، خەۋىرىنى ئالالمىغانلىقىنىڭ خەۋىرىنى ئالدىم.

5. ( بۇ يولدىشىمنىڭ پاسپورت تەرجىمىسى) ۋەتەندە قالغان ئۈچ بالام . ئۇلارنىڭ يېشى ، چوڭ قىزىم 13 ياش، ئوغلۇم 11 ياش ، يەنە بىر قىزىم 9 ياش. ئۈچ بالامنىڭ ھازىرقى ياشلىرى. ( يولدىشىمنىڭ خىتاي كىملىكى 1983- يىلى 9 – ئاينىڭ 21 -كۈنى تۇغۇلغان . ئادرېسى شىنجاڭ خوتەن شەھىرى ، غەربىي بېيجىڭ يولى، گولباغ ئاھالە ئولتۇراق رايونى . 61 نومۇرلۇق ئائىلىدە. ئىسمى قۇربانجان تۇردىباقى) بۇلارنىڭ ھېچقانداق گۇناھى يوق ، پەقەت ئۇيغۇر بولغانلىقى ئۈچۈن، تۈركىيەگە چىققانلىقى ئۈچۈن . ھەر قانداق بىر ئىنساننىڭ ساياھەت قىلىش ھوقۇقى بار. تۈركىيەگە چىقىپسىز ،باشقا دۆلەتلەرگە بېرىپسىز دەپ ئون يىل، ئون بەش يىللىق كېسىدىغان ھەققى يوق. ئۇلار پەقەت ئۇيغۇر بولغانلىقى ئۈچۈن تۈرمىگە تاشلىنىۋاتىدۇ . دۇنيا بىرلەشكەن مىللەتلەر تەشكىلاتى . ھەر قايسى قانۇن ئورگانلىرىنىڭ ئانامنى، يولدىشىمنى ، ئىنىمنى ، يەنە باشقا قېرىنداشلىرىمنىمۇ بار. ئاكام ( ئابلەت مەمتىمىن ) سىڭلىمنى قانچىلىك كەستى ئۇقمايمەن. بارمۇ يوقمۇ خەۋىرىنى ئالالمىدىم. ئاچامنىڭ يولدىشىنى كېسىپتۇ دەپ ئاڭلىدىم. بىر ئائىلىدىن مىنىڭ يولدىشىم ، ئانام، ئاكام، ئىنىم، ئاچىلىرىمنىڭ يولدىشى، ئەر كىشىنىڭ ھەممىسىنى تۇتۇۋاپتۇ. ئۇلارنىڭكى ھېچقانداق جىنايەت ئىشلەيدىغان ئەسكى ئىنسانلار ئەمەسلىكىگە، ياخشى ئىنسانلار ئىكەنلىكىگە گۇۋاھلىق بىرىمەن. ئۇلارنىڭ ھېچقانداق گۇناھى يوق. ئۇلارنىڭ گۇناھى ئۇيغۇر بولغانلىقى. خىتاينىڭ زۇلۇمى سەۋەبلىك بەش يىلدىن بىرى مۇشۇ نارەسىدە بالىلىرىم ئانىسىز دادىسىز ياشىماقتا .بالىلىرىمنىڭ شۇ ئاندا بەش يىلدىن بىرى ئاۋازىنى ئاڭلىيالمىدىم. ھاياتمۇ ياكى ئۆلدىمۇ بىلەلمىدىم . دۇنيادا پۈتۈن ئىنسانلار 21 يۈزيىلدا ياشاۋاتىمىز. تېلېفوندا دۇنيانىڭ ئۇ ئۇچىدىن بۇ ئۇچىغا ھەر قانداق كىشى كۆرۈشەلەيدۇ. ئەھۋال سورىشىدۇ. مۇشۇ گۇناھسىز ،نارەسىدە بالىلىرىمنىڭ ھېچ قانداق گۇناھى بولمىغاندا ئاتا-ئانىسى بىلەن كۆرۈشۈش ۋە ئاتا-ئانىنىڭ مۇھەببىتىگە ئېرىشىش ، ھەققى بولغان نارەسىدە بالىلىرىمنىڭ ئاۋازىنى بەش يىل بولدى ئاڭلىيالمىدىم . ھاياتمۇ ئۆلۈكمۇ بىلەلمىدىم . شۇنىڭ ئۈچۈن پۈتۈن قانۇن ئورگانلىرىنىڭ، تەشكىلاتلىرىنىڭ ماڭا ياردەم قىلىشىنى ، مۇشۇ نارەسىدە بالىلىرىمنىڭ يېنىمغا كېلىشىنى ، ئائىلەمنىڭ جەم بولۇشىغا ياردەم قىلىشىنى چىن قەلبىمدىن ئۈمىد قىلىمەن.

مەن بۇ گۇۋاھلىق سۆزۈمنى ئوقۇپ ئۇنىڭ ئەينەن يېزىلغانلىقىغا چۈشەندىم ھەم مەزمۇنلىرىغا قوشۇلىمەن.مەن بۇ گۋاھلىق سۆزۈمنىڭ ئۇيغۇر ئالاھىدە سوتىنىڭ تور بېتىدە نەشر قىلىنىغانلىقىنى ھەمدە ئاۋام كۆپچىلىككە ئاشكارە قىلىنىدىغانلىقىنى چۈشىنىمەن.

ئىمزا:

ۋاقىت: